ئەزىزى

# ئاشىق رىۋايىتى

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

ئە زىزى

# ئاشىق رىۋايىتى

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

责任编辑：牙库甫
责任校对：美力克

**图书在版编目(CIP)数据**

艾则孜诗歌选/艾则孜著.—北京：
民族出版社，2006.5
ISBN 7-105-07715-8

Ⅰ.艾… Ⅱ.艾…Ⅲ.诗歌—作品集—中国—当代—
维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第 052442 号

出版发行: 民族出版社　　http://www.e56.com.cn
社　　址: 北京市和平里北街 14 号　　邮编: 100013
电　　话: 010-64290862 (维文室)
印　　刷: 北京迪鑫印刷厂
版　　次: 2006 年 6 月第 1 版　2006 年 6 月北京第 1 次印刷
开　　本: 850 毫米×1168 毫米
印　　张：6.75
印　　数: 0001-2000 册
定　　价: 10.00 元

مەسئۇل مۇھەررىر : ياقۇپ مۇھەممەتروزى
مەسئۇل كوررېكتور : مەلىكە ئابدۇقادىر

# ئاشىق رىۋايىتى

## ئەزىزى

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى :100013، تېلېفون نومۇرى : 64290862 ـ 010
سانتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : دىشىن باسما زاۋۇتى
نەشرى : 2006 ـ يىل 6 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2006 ـ يىل 6 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 850×1168م م. 32كەسلەم
باسما تاۋىقى : 6.75
سانى : 2000 ـ 0001
باھاسى : 10.00 يۈەن



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

ئەزىزى 1962 ـ يىلى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ چىرىيە ناھىيىسى مازاركۆل كەنتىدە تۇغۇلغان . 1985 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە.

ئۇ 1983 ـ يىلىدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلـ-گەن بولۇپ ، ھازىرغىچە ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا 500 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ، 50 پارچىدىن ئارتۇق نەسر ۋە ھېكايە ، 30 پارچىغا يېقىن ماقالە ، 100 پارچىدىن ئارتۇق ئەدەبىي ، ئىلمىي تەرجىمە ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدۇرغان . «ئوتلۇق تىلەكلەر» (شېئىرلار توپلىمى ، ئالماناخ) ، «دانالار دۇردانىلىرى» (تەرجىمە قىلىپ تۈزگەن پەلسەپىۋى ئەسەر) ، «پەردىدۇددىن ئەتتار» (ئىلمىي ئەسەر)، «ھىدايەت نۇرى» (ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى) قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىنغان . بىر قىسىم ئە-سەرلىرى خەنزۇ ۋە ئۆزبېك تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان.

ئۇ ئۆز ھاياتىنىڭ مەنىسىنى ئۇزۇلۈكسىز يېڭىلاپ تۇرۇشقا ئىنتىلىدۇ ، بەزىدە ئىزتىراپلىق تۇيغۇلار ئىلكىدە مۇستەغرەق بولۇپ شائىرلىق باياۋىنىدا ئاشىقلارچە بوزلايدۇ . «ئاشىق رىۋايىتى» ـــ ئەنە شۇ ئا-شىقنىڭ مىسرالارغا سىڭگەن ئىشقىي كەچمىشلىرىدۇر.

# روھ چۇقانلىرى

## ئابدۇللا مەتقۇربان

بۇنىڭدىن 20 يىل ئىلگىرى باشلانغان ئۇيغۇر يېڭى شېئىرىيەت ھادىسىسىدە ئەزىزىمۇ شېئىرىيەت سېپىگە قوشۇلۇپ ، ئۆزىنىڭ بىر قىسىم چۆچۈك شېئىرلىرى بىلەن دىققەتكە سازاۋەر بولغانىدى ، ئەمما ئۇ يىللاردا ئۇنى ئانچە مول ھوسۇللۇق شائىر دەپ كەتكىلىمۇ بولمايتتى . چۈنكى ئۇ خىلۋەتتىكى چۇغلۇقتەك ، ئومۇمەن پىنھانراق ياشاپ كەلدى ، يەنە بۇ يىللاردا ئۇ ئىجادىيەت سېپىدە ئايرىم ياشلارغا ئوخشاش كۆيۈشىدىن ئۆچۈشى تېز بولغان قامغاق بولۇپمۇ كەتمىدى . گۈلخانغا چۈشۈۋالغىنى بىلەن ھارارىتى يوق ، كۆيمەي تۇتەپلا تۇرىدىغان چۇچۇلىمۇ بولۇۋالمىدى ، بەلكى شېئىرىيەت گۈلخانىغا پات ـ پات خېلىلا ھارارەتلىك تەمەچلەرنى تاشلاپ ، ئۇنىڭ يالقۇنىنى ئۇلغايتىپ تۇردى . قولىمىزدىكى بۇ شېئىرلار توپلىمى ئۇنىڭ لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان شېئىرىيەت گۈلخانىمىزغا تاشلىغان يېڭىچە بىر قۇچاق يېقىلغۇ ـ تەمەچلىرى . ئۇ بۇ يېقىلغۇ ـ تەمەچلەرنى تەبىئەت گۈزەللىكى ۋە ھايات سىرلىرىنى شائىرانە نەزەر بىلەن كۆزىتىش ئارقىلىق ھايات قايناملىرىدىن سۈزۈۋالغان ، ھېسسىيات چېقىنلىرىدا تاۋلاپ پەرۋىش قىلغان ، ئىدراك ئەلگەكلىرىدە تاسقىغان . ئۇيغۇر شېئىرىيەت گۈلخانى بۇ يېقىلغۇ ـ تەمەچلەرسىزمۇ ئۆچۈپ قالماس ، ئەمما بۇلار بۇ گۈلخانغا تاشلانسا ، ئۇنىڭ ھارارىتى يەنىمۇ ئاشار ، ئوتى يەنىمۇ ئۇلغىيار . شۇ چاغدا شائىر ئەزىزىنىڭ مۇرادىمۇ ھاسىل بولار ئىدى .

يەنە بىر نۇقتىدىن، بۇ توپلامدىكى شېئىرلار ئانا تەبىئەتكە، كىشىلىك ھاياتقا، ئۇنىڭدىكى گۈزەللىككە، تارىختىكى ئېسىل مىللىي روھىمىز ۋە قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزغا چەكسىز مۇھەببەت باغلىغان، ئۇنى قىزغىن سۆيۈشنى، ئۇنىڭدىن بەھرىلىنىشنى بىلدۈرگەن بىر سەمىمىي قەلب ئىگىسىنىڭ يۇقىرىقىلارنى قەدىرلەش، ئۇلۇغلاش، سۆيۈش ھەققىدە ئۆز قەلبىدىكى مەبۇدىسىگە، يارەنلىرىگە ۋە زامانداشلىرىغا يېقىملىق پىچىرلىشى، مەڭگۈلۈك ئۆتۈنۈشىدۇر. ئۇنىڭ ئۈچۈن شېئىر قانداقتۇر نام چىقىرىشنىڭ شوتىسى ۋە ئاللىقانداق باشقا نەرسە ئەمەس، پەقەت ۋىجدان ئىشى بولغانلىقتىن، توپلامدىكى شېئىرلاردا يۇقىرى ھارارەتلىك قىزغىنلىقلا ئۇرغۇپ تۇرىدۇكى، ئۈمىدسىزلىك، زاماندىن زارلاش خاھىشى ياكى پەند ـ نەسىھەت بىلەرمەنلىكى سېزىلمەيدۇ. بۇ توپلامنىڭ بىر ئارتۇقچىلىقى مۇشۇ يەردە.

بىز بۇ توپلامدىكى شېئىرلارنى ئوقۇۋېتىپ، ئەزىزىنىڭ شائىر بوغدا ئابدۇللا، ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ شاگىرتلىرى قاتارىغا قوشۇلۇپ كەتكەنلىكىنى، بۇ سەپتە ئۇنىڭ خېلىلا چېلىقارلىق ئورۇندا كېتىۋاتقانلىقىنى بايقايمىز. توپلامدىكى «مۇھەببەت»، «ئۈزۈلگەن رىشتە»، «مەشرەپنىڭ مەشۇقىغا يازغان مەكتۇپلىرى»، «تەبىر»، «سايىدا ياتقان قارا تاش»، «ئويغاق چۈشلەر»، «رىۋايەت»، «مومام يىپ ئېگىرەر» قاتارلىق شېئىرلاردىن بوغدا ئابدۇللانىڭ «يەلكەن»، «چۈش كۆرىدۇ بىر تۈپ ئانارگۈل»، «سالغا تېشى» توپلاملىرىدىكى ئەسەرلىرىنىڭ پۇرىقىنى، تەمىنى تېتىغاندەك بولىمىز. بۇ توپلامدىكى شېئىرلار 20 يىلغا يېقىن ۋاقىتنىڭ ئوخشاش بولمىغان مەزگىللىرىدە يېزىلغان بولسىمۇ، كۆپىنچىسى شېئىرىي پىكرىنىڭ يېڭى ۋە تېرەنلىكى، ئوبرازلىرىنىڭ رەڭدار ۋە سىمۋوللىرىنىڭ يوشۇرۇنلۇقى، شەكلىنىڭ خەلق شېئىرىيىتىگە يېقىنلىقى، تۈزۈلۈشىنىڭ ئاددىي ۋە قايناق ھېسسىياتنىڭ ئەركىن شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغانلىقى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. بولۇپمۇ قۇرۇلمىسى ئەركىن بولغان بىر يۈرۈش

شېئىرلاردا شېئىردىكى تاشقى ئامىلدىن كۆرە ئىچكى ئامىلغا — ھېسسىيات ئىزچىللىقىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلگەن . بۇنىڭ بىلەن ، قارىماققا چېچىلاڭغۇدەك بىلىنىدىغان ئۇزۇن ـ قىسقا مىسرالاردىن نەپەسنىڭ رىتىمىغا ئالاھىدە ماس كېلىدىغان يارقىن مۇزىكىدارلىق ھاسىل بولغان . دېمەك ، بۇنداق شېئىرلاردىكى سۆزلەرنىڭ ئەركىن بىرىكىشى ۋە مىسرالارنىڭ تەبىئىي تۈزۈلۈشىدىن ھاسىل بولىدىغان مۇزىكىدارلىق شېئىردىكى ھېسسىياتقا ئوخشاش زۆرۈر ئامىلغا ، شېئىرنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن . بۇنداق شېئىرلارنى ئوقۇغان كىتابخان قانداقتۇ زورۇقۇش ، مەجبۇرلىنىش تۇيغۇسىدا ئەمەس ، ئىختىيارلىق ـ ئازادىلىك تۇيغۇسىدا بولىدۇ ، شېئىر ئوقۇشنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن ھۇزۇرلۇق بىر مەنىۋى پائالىيەت ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ . بۇ توپلامدىكى «رىۋايەت» ، «ئويغاق چۈشلەر» ، «سۇ پۈتۈكلەر» قاتارلىق كىچىك تېپتىكى لىرىك داستانلار دەل شۇنداق ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ .

شېئىر — روھنىڭ چېقىنلىق چۇقانلىرى . ئۇ ئۆزگىچە قايتىپ ، روھنىڭ ئاشۇ چېقىنلىق چۇقانلىرىنى ئىپادىلىشى كېرەك . ئەزىزنىڭ بۇ توپلىمىدىكى كۆپلىگەن لىرىك شېئىرلار بۇ جەھەتتە كىتابخاننى بەلگىلىك دەرىجىدە قانائەتلەندۈرىدۇ .

2005 ـ يىل ، 26 ـ ماي .

# مۇندەرىجە


روھ چۇقانلىرى ........................ ئابدۇللا مەتقۇربان 1

يۇلتۇز ساناش ........................................ 1

قەدىمي قەلئە ........................................ 2

بوۋامغا ........................................ 4

مۇھەببەت ........................................ 5

شامال، قۇش، دەرەخ ........................................ 15

جىگدە چىچىكى ........................................ 17

تېپىشماق ........................................ 18

قىز ، ئاي ، يۇلتۇز ........................................ 19

كۇتۇش ........................................ 20

ئىككى قۇتۇپ ئەپسانىسى ........................................ 21

ئۈزۈلگەن رىشتە ........................................ 22

ماركىسىز مەكتۇپلار ........................................ 23

كىچىككىنە بىر قۇشسەن ........................................ 28

كۆز ھەققىدە قەسىدە ........................................ 29

مەشرەپنىڭ مەشۇقىغا يازغان مەكتۇپلىرى ........................................ 30

سايدا ياتقان قارا تاش ........................................ 34

تەبىر ........................................ 36

بۇلبۇلغا دەپ قويۇڭلار ........................................ 37

تەسەللى ........................................ 38

مۇساپە ........................................ 39
چالا رىۋايەت ........................................ 40
سەنسىزمۇ ........................................ 41
مەن خىيالغا ئايلانغان كىچە ........................................ 42
ئىلاھىي چۆچەك ........................................ 44
ئويغاق چۈشلەر ........................................ 45
قۇياش ساھىلى ........................................ 57
مومام يىپ ئېگىرەر ........................................ 62
كىمدۇر ........................................ 66
كىپىنەككە ئايلانغان كىچە ........................................ 67
ئويغىنارمەن مۇڭلۇق چۈش بولۇپ ........................................ 68
موناليزا ........................................ 69
يامغۇر ياغار ........................................ 70
تىلسىملىق شەھەر ........................................ 71
ۋاقىت شەجەرىسى ........................................ 73
ھايات شەجەرىسى ........................................ 75
قىيامەت شەجەرىسى ........................................ 77
قەدەھتۇر قەبرەم ........................................ 78
مومامنى سېغىنىپ ........................................ 79
قىزلار ھەققىدە ئۈچ شېئىر ........................................ 80
سۇ پۈتۈكلەر ........................................ 83
مەن، سەن، ئۇ ........................................ 87
راھىتى شۇ بالا دېگەننىڭ ........................................ 91
نامسىز قىز ........................................ 92
بەخت شۇمۇ ........................................ 93
كۆز لىرىكىسى ........................................ 94




此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

نەي ........................................................ 95
توغراقنىلڭ چۈشى ........................................ 96
مەنزىل دېگەن ........................................... 97
ھىجران ...................................................... 98
باللىقنى سېغىنىش ........................................ 99
شامال ۋە يوپۇرماق ...................................... 100
سالام! قىز پەسلى ........................................ 101
ئانا سېغىنىشى ............................................ 102
بىر چۈشنىغا مەرسىيە .................................... 103
رىۋايەت .................................................... 104
چاقماقلار ................................................... 112
بىر تامچە ................................................... 115
ئىلتىجا ...................................................... 116
ئاشىق تىلىكى .............................................. 117
38 ........................................................... 118
تۇغۇلغان كۈنۈم ............................................ 119
توۋا ......................................................... 120
سەن كەپتەردەك ئۇرلىدىلڭ كۆككە ........................ 121
مەن ھېچكىم ئەمەسمەن .................................... 122
تەكلىماكان ـــ ئۇنتۇلمىغان چۈش ........................ 123
سۇنۇق دەقىقىلەر ........................................... 124
ئىلاھىي سادا ............................................... 126
شۇ كۈنى .................................................... 127
بىر چۈش كۆردۈم ............................................ 129
ئۇيغۇر قىزى ................................................. 131
پەريات ...................................................... 132

نالەش ........................................ 134
تەنھالىق شەجەرىسى ........................................ 136
چۈشۈمدىكى ئايال ........................................ 137
مۇھەببەت ھەققىدە رىۋايەت ........................................ 138
ھايات نېمە ........................................ 139
ئۆزلۈمگە قايتىش ........................................ 140
دۇنيا دېگەن بىر پىيالە غەم ........................................ 142
قار ياغماقتا ........................................ 143
شائىرغا ........................................ 144
سۆزلەرنى سۆزلەتتىلىڭ سۆزلەرگە ........................................ 145
ئۇچۇپ كەلدى قۇشتەك بىر بالا ........................................ 146
دەرۋىش ........................................ 147
ھاپىز ........................................ 148
سۆيگۈنىلىڭ تىلسىمى قالار ئەبەدكە ........................................ 149
بۇ قىسمەتلەر ........................................ 150
ئۆتتۈنەي سازەندە ، چالغىن ئەجەمنى ........................................ 151
مەن ۋە يوپۇرماق ........................................ 152
شامالنىڭ قانىتى ........................................ 153
ئۈزۈلگەن تار ........................................ 158
سەۋر كاسىسى ........................................ 159
دەرەخلەر ........................................ 160
تەنھا ئەر ........................................ 161
باھار كەلدى نازلىنىپ يەنە ........................................ 162
غايىب ئايال ........................................ 163
مەشرەپ ........................................ 164
تەنبىھ ........................................ 165

# تەرجىمە ئەسەرلەر

ئەتىرگۈل ھەققىدە قەسىدە ..........................................................

.................................. فېدېرىكو گارسىيە لوركا [ئىسپانىيە] 169

شېئىرلار ........................................ پەرىدە ئەفرۇز [ئۆزبېكىستان] 172

ئىككى شېئىر ................................. جاك پرېۋېر [فرانسىيە] 178

قىز قوشىقى ................................. خۇرشىد دەۋران [ئۆزبېكىستان] 182

ئىككى شېئىر ............................... پائۇل ئېلۇيار [فرانسىيە] 185

تاشقىرىدا شىلدىرلار شامال ..................................................

..................................................... رەئۇپ پەرفى [ئۆزبېكىستان] 187

مۇھەببەت ئاختۇرۇپ ..........................................................

................................................ مىرزا كەنجىبېك [ئۆزبېكىستان] 191

گىپنوز ياپراقلىرى .............................. رېنى شار [فرانسىيە] 194

# يۇلتۇز ساناش

1

تۈن ئاخشام
ئاسمانغا قاراپ ،
سەبىي بالا ياتار پۇشۇلداپ .
ئۇيقۇ قاچقان ئۇنىلڭ كۆزىدىن ،
يۇلتۇز ساناش كەچتى يادىدىن .

2

بىر
ئىككى
ئۈچ
بالا ھەيران ،
تۈگەتمەستىن يۇلتۇزنى ساناپ ،
قۇياش چىقتى قايدىن ئالدىراپ؟

3

بوۋاي بولۇپ قوپتى شۇ بالا ،
تاڭ سەھەردە ساقال تۇتاملاپ .

1986 ــ يىل ، 26 ــ سېنتەبىر .

# قەدىمىي قەلئە

1

سېنى ئەجەب سېغىندىمغۇ مەن ،
سېغىنىشنى سېغىنغان بىلەر .
سېغىنىشنى بىلگەنلەر كۆرسە ،
سېنى بىر ئوت ، مېنى گۈلخان دەر .

2

كېسەكلىرىڭ سۇندىمۇ ، ساقمۇ ،
سېپىللىرىڭ پۈتۈنمۇ ، ياقمۇ؟
يا ئۆز پېتى تۇرامسەن هامان ،
بەتلەنگەنچە قالغاندەك كامان؟

3

خىيالىمدا سېنى سۈرىمەن ،
چۈشۈمدىمۇ سېنى كۆرىمەن .
ئوت ـ پىراقىڭ يۈرەكتىن كەتمەس ،
ئامان بولساڭ شادلىقىم شۇ ، بەس .

## 4

**بىلەمسەنكى ، چۈنكى سىنىڭدە ،**
**سىنىڭدە بار ، تېخى ئۆچمىدى**
**بوۋامنىڭ ئىزى ،**
**موماملىڭ ئىزى .**

1986 ـ يىل ، ئۆكتەبىر .





此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com